# ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقنى ساقلايلى

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشى، تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقنى ساقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېكىتكەن تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، خەلق ئاممىسىغا زىچ تايىنىپ، قەتئىي تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىنى باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنى يېقىندىن تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئىقتىسادقا بولغان تەسىرىنى توغرا ئىگىلەپ، ۋاقتىدا تەدبىر تۈزدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئاكتىپ ھالدا ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشنىڭ تەكشى، مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىنى تىرىشىپ ساقلاپ، نورمال ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنى ھەقىقىي قوغىدىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، يۇقۇم ۋەزىيىتىدە ئاكتىپ ئۆزگىرىش كۆرۈلدى، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە پائال نەتىجە ئۇنۇم قولغا كەلتۈرۈلدى، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئازايتىدىغان بىر يۈرۈش سىياسەت - تەدبىرلەر ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىۋاتىدۇ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىدە مۇقىملىق ساقلاندى، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرىدىغان، بوران - چاپقۇنغا قارىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان قەتئىي ئىرادە ۋە قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ مۇجەسسەملەندى.

بۇ يىل ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىدىن ئىبارەت بۇ «قارا ئاق قۇ»نىڭ پەيدا بولۇشى، بىزنىڭ پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزغا قىيىنچىلىق ۋە خىرىس ئېلىپ كەلدى. لېكىن يۇقۇمنىڭ زەربىسى پەقەت قىسقا مۇددەتلىك، باسقۇچ خاراكتېرلىك بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئاملى بىلەن تەمىنلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىگە ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ساغلام، مۇقىم بولۇشتەك ئاساسىي تەردپى ئۆزگەرمەيدۇ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تىرەك بولىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ئامىللىرى شارائىتى ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇزاققىچە مۇقىملىق ئاساسدا ياخشىلىنىشتەك ئومۇمىي ۋەزىيەت ئۆزگەرمەيدۇ. دۆلىتىمىز چوڭ دۆلەت، چىدامچانلىقى كۈچلۈك، يوشۇرۇن كۈچى يېتەرلىك، ئايلىنىش ئىمكانىيىتى زور، بىز ئىشەنچنى چىڭتىپ، مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ كەتمەي، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تۆۋەنلەتسەكلا، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تولۇق ئىشەنچىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار، ھەم كۆزىمىز يېتىدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالايمىز.

بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئەڭ مۇھىمى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە. ئالدى بىلەن قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى بالدۇر قولغا كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، تۈرلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش، رايونغا ئايرىپ تەدبىر قوللىنىش» تەلىپى بويىچە، ماكرولۇق سىياسەتنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مۇقىم، ساغلام پۇل سىياسىتىنىڭ جانلىق، مۇۋاپىق بولۇشنى ساقلاپ، باسقۇچلۇق، قاراتمىلىق بولغان باج كېمەيتىش - ھەق تۆۋەنلىتىش تەدبىرىنى چىقىرىپ، كارخانىلارنىڭ تىجارەت قىيىنچىلىقىنى يېنىكلىتىپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغان رايون، ساھە ۋە كارخانىلارغا قارىتىلغان پەرقلەندۈرۈپ ئېتىبار بېرىش پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ زور سالماق بىلەن ئالدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، ئىچكى ئېھتىياجنى پائال كېڭەيتىپ، تاشقى ئېھتىياجنى تۇراقلاشتۇرۇپ، دىققەتنى نۇقتىلىق ساھەلەردە بىر تۈركۈم مۇھىم، زور تۈرلەرنى قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىش، ئىستېمالنى كېڭەيتىشنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىقلارغا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. بىز تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ھەقىقىي تۈردە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىي تۇتساق، ئىنچىكە تۇتساق، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتساقلا، بىز چوقۇم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

جۇڭگو ھامان يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، بۇ ئېنىقكى مۇقەررەرلىك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، بىز چوقۇم يۇقۇم پەيدا قىلغان زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، شۇ ئاساستا داۋاملىق ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، داۋاملىق ئۆزىمىز بېكىتكەن ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ قەتئىي ئىلگىرىلەيەلەيمىز!

**(2 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تېخىمۇ كارغا كېلىدىغان ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئۈچىنچى، قوبۇل قىلىپ داۋالاش نىسبىتى ۋە داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتى ۋە كېسەل بىلەن قازا قىلىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. بۇ، ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدىكى گەۋدىلىك ۋەزىپە. تۆتىنچى، پەن تەتقىقات ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. يۇقۇملۇق كېسەلنى يېڭىش پەن - تېخنىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. ۋىرۇسنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئىلمىي دەلىللەپ، يۇقۇملىنىش مەنبەسى ۋە تارقىلىش يوللىرىنى تېزدىن ئېنىقلاپ، ۋىرۇسنىڭ غەيرىي ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى يېقىندىن ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تاكتىكىسى ۋە تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئېغىر، زور يۇقۇمغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ھازىر، بولۇپمۇ تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بىرىنچى، نورمال ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداش كېرەك. ئىككىنچى، تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش تەرتىپىنى قوغداش كېرەك. ئۈچىنچى، جەمئىيەت بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. تۆتىنچى، نورمال قاتناش تەرتىپىنى ھەقىقىي قوغداش كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: تەشۋىق - تەربىيە ۋە ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تور - تور سىرتى، دۆلەت ئىچى - خەلقئارا، چوڭ - كىچىك ئىشلارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىشەنچنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، كىشىلەر قەلبىنى تېخىمۇ ئىللىتىپ، خەلق رايىنى تېخىمۇ مايىللاشتۇرۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى تېخىمۇ ياخشى قوغداش كېرەك. بىرىنچى، سىياسەتنىڭ ئاشكارىلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىش كېرەك. ئىككىنچى، ئاساسلىق يېتەكچىلىك قىلىپ، توردىكى ئاكتىپ كۈچلەرنى زورايتىش كېرەك. ئۈچىنچى، تەشەببۇسكارلىقنى ئىگىلەپ، خەلقئارا ئاممىۋى پىكىرگە ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسىتىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشنى ساقلاش كېرەك. بىز يەنىلا بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئائىت تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېكىتكەن تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاماملىشىمىز كېرەك. يۇقۇم ئالاھىدە ئېغىر بولغان رايونلار زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك، باشقا رايونلار ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشى، بولۇپمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا چېتىشلىق نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك، كەينىگە سۈرۈش، ساقلاپ تۇرۇش ئىدىيەسىدە بولۇشقا بولمايدۇ. «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى چۆرىدەپ، تۈرلۈك مۇرەككەپ، قىيىن ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقلىرىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بىرىنچى، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پائال تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىككىنچى، مۇھىم، زور تۈرلەردە ئىش باشلاپ قۇرۇلۇش قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۈچىنچى، ئاھالە ئىستېمالىنى كۈچەپ مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. تۆتىنچى، دۆلەت ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇ قېتىمقى يۇقۇم دۆلىتىمىزنىڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارىغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق چوڭ سىناق، بىز چوقۇم تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا ئاشكارىلانغان كەمتۈكلۈكلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرگە قارىتا، دۆلەت جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر ۋەزىپىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ يېڭىسار ناھىيەسى ماڭشىن بازىرى تۆۋەنكى ئېرىق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى بىرىنچى ۋاقىتتا يۇقۇمغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى، 1 - شۇجى لى جۈننىڭ يېتەكچىلىكىدە، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى يۇقۇمدىن ساقلىنىش پىدائىيلار ئەترىتى تەشكىللەپ، بىرىنچى سەپتە ئىنتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش پۇختا مۇداپىئە سېپىنى بەرپا قىلدى. «بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەنت دەرىجىلىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، كېسەلنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك» دېدى لى جۈن.

### يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى ئىككى قولدا تۇتۇش

ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئەڭ كۈچەيدىغان ھالقىلىق باسقۇچقا كەلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، يەنە ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش، بولۇپمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

توردا چىلان دەرىخىنى چاتاش، چارۋا باقمىچىلىقى، پارنىكتا تېرىقچىلىق قىلىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەش، قىسقا سىن فىلمى ئىشلەپ ئۈندىدار توپىغا يوللاش... ھازىر چاقىلىق ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىدارىسى تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى بىۋاستە كۆرسىتىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا مەدەت بەردى. چاقىلىق ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شى گوخەي مۇنداق دېدى: «بىز بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، بىر قولدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز».

ئالتاي ۋىلايىتىدىكى كەنتتە تۇرۇشلۇق 593 خىزمەت ئەترىتى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ 3048 ئەزاسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، دېھقان - چارۋىچىلارنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئاتلىنىشقا يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلىسىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ قارا تۆگە بازىرى قىزىلقۇدۇق كەنتى كۆكتوقاي ناھىيەسى ئاھالىلىرىنىڭ «كۆك - تاق» كەنتى، يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، كۆكتوقاي ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ قىزىلقۇدۇق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، كەنتنىڭ كۆكتات مايسىسى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا تولۇق قاتناشتى. «قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ چىڭ ساقلاش ‹كۈچلۈك يادرولۇق تەدبىرى›نى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇم ‹مۇداپىئە تورى›نى زىچ توقۇش بىلەن بىللە، خىزمەت ئەترىتى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇشىغا ياردەم بەردى، بۇ يىل يەنە مول ھوسۇل ئېلىنىدىغان يىل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېدى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كۆكتوقاي ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ تېخنىك خادىمىنى باشلاپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ مايسا يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى شېڭ تىڭتىڭ.

### دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش

بىز باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەم قەتئىي تۈردە «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىمىز، ھەم ھازىرقى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى تۇتۇپ، بۇ يىل چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنىڭ مۇقىم ئېشىپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن ماس قەدەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.» موري قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى بەيياڭخې يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈن مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە بەيياڭخې يېزىسى تۆل ئېلىش، پەرۋىش قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، بۇنىڭغا قارىتا، يېزا - كەنتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئورۇن ھەر كۈنى باقمىچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ باقمىچىلىق رايونىنى قاتتىق دېزىنفېكسىيە قىلىشى، كېسەلگە گىرىپتار بولغان چارۋىلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشى ھەم ۋاقتىدا داۋالىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى، يەنە ئاممىغا دېزىنفېكسىيەلەش ئەسۋابلىرى ۋە ئىلمىي بېقىش تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي، بىخەتەر باقمىچىلىق قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، يەم - خەشەك تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەرقايسى يېزىلار مەخسۇس چارۋىچىلىق كاپالەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 300 توننىدىن ئارتۇق يەم - خەشەكنى ماسلاشتۇرۇپ يۆتكەپ، قىسمەن چارۋىچىلارنىڭ يەم - خەشەك كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، چارۋىچىلارنى ھەر تەرەپلىمە ئىشلەپچىقىرىش كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ئاقيار بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى سۇن چاڭمەن مۇنداق دېدى: يۇقۇم ئالدىدا، پۈتۈن بازار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نۇقتىلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تەشەببۇسكار ھالدا كارخانىلار بىلەن ئۇدۇللىشىپ، 750 خىزمەت ئورنىنى ئالاقىلىشىپ ماسلاشتۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى داۋاملىق كېڭەيتىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

**(مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، يۈەن لىپى، جاڭ جىلى، گې يۈجۈن، جاڭ تىڭ، لى ياڭ، جەزىرە نېسىپبېك، دۇ جيەنخۇي، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋېي جيۈەن، جاڭ چى، سۇن خېينا، شۈ پەن يازغان)**

---

## ئاپتونوم رايون بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە بىرلەشمە ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

### پۈتۈن شىنجاڭ «بىر تاختا شاھمات» بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «قاتتىق زەربە بېرىش»نى بىرتۇتاش پىلانلاپ نازارەت قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **مېڭ شياڭجۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە سىستېمىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە بىرلەشمە ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتى يېقىندا ئېچىپ، كۈچنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، بىرلەشمە ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋ فېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، «بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، كۈچلۈك نازارەتچىلىك ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ تەرتىپلىك، كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش، نورمال ئىقتىسادىي تەرتىپنى ساقلاش، پەرقنى تېپىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش ۋە تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەرىكەتچان يوشۇرۇن زىيارەت قىلىش ۋە ئىختىيارىي تەكشۈرۈش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، تولۇق قاپلىغان ھەيدەكچىلىكنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. مەسىلە بايقالغان ھامان ئىنكاس قايتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك جايلار ۋە تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ دەرھال ھەرىكەتلىنىشى، دەرھال تۈزىتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش، ساختىپەزلىك قىلىش، مەسئۇلىيەتنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ قورۇق تالاش - تارتىش قىلىش، پاسسىپ تاقابىل تۇرۇش ۋە قۇتقۇزۇش پۇلى، ماددىي بۇيۇملىرىغا خىيانەت قىلىش ۋە ئۇنى ئىگىلىۋېلىش، ئىشلىتىۋېلىش، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش قاتارلىق ئىنتىزامغا خىلاپ، قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى كۈچەپ تۈزىتىپ، بەلگىلىمە، ئىنتىزام، قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچنى پەرقلەندۈرۈش» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كادىرلارنى مەسئۇلىيەتچان بولۇش، نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك ئىنتىزام، قانۇن نازارەتچىلىكى كاپالىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

قاتناش - ترانسپورت مىنىستىرلىقى ئۇقتۇرۇش بېسىپ تارقىتىپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە ھەق ئېلىنىدىغان تاشيوللاردا ئاپتوموبىل يۈرۈش ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىشنىڭ كونكرېت خىزمىتىنى ئايدىڭلاشتۇردى، بۇنى ھەرقايسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر)لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىرتۇتاش تەشكىللەپ يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئۆلكە دەرىجىلىك قاتناش - ترانسپورت مەسئۇل تارماقلىرى شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە لايىھە تۈزۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، تاشيولنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇشنى كاپالەتلەندۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللاپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى كۈچلۈك تىرەككە ئىگە قىلىشى كېرەك.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)